


## غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش

1999 - يىلى 6 - ئايدا، جياڭ زېمىن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش پۇرسىتى ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلدى، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنىڭ دائىرىسى ئاساسلىقى چۇڭچىڭ، سىچۈەن، گۇيجۇ، يۈننەن، شىزاڭ، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، گۇاڭشىدىن ئىبارەت 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتكۈل غەربىي رايوننىڭ زېمىن كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي زېمىن كۆلىمىنىڭ %71نى ئىگىلەيدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىلا، ماۋ زېدۇڭ «ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دېگەن سۆزىدە، دېڭىز بويى سانائىتى بىلەن ئىچكىرى رايونلار سانائىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلىگەن. 1988 - يىلى، دېڭ شياۋپىڭ «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت» ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: دېڭىز بويىدىكى رايونلار سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تېزلىتىپ، بىرقەدەر تېز، ئاۋۋال تەرەققىي قىلىشى كېرەك، بۇ بىر چوڭ ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. تەرەققىي قىلىپ مەلۇم ۋاقىتقا كەلگەندە، يەنە دېڭىز بويىنىڭ تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىپ ئىچكىرى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، بۇمۇ يەنە بىر چوڭ ۋەزىيەت. 1992 - يىلى دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە: مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەندە، بۇ مەسىلىنى گەۋدىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەل قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇرچ - ۋەزىپىنى بېكىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن ئەقىل ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش ۋە چوڭقۇرلىشىش، قەلبلەرگە سىڭىش، پۇختا بولۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە گەۋدىلەندۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئەمەلىيىتىدە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى چوڭقۇر تونۇپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنى تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى سىياسىي جەھەتتە قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىش، ئىدىيە جەھەتتە قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتە قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ سىياسىي تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە جەزمەن چىڭ تۇرىدىغان ئاساسىي پرىنسىپ، ئومۇمىي نىشان، خىزمەت تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتىنى مۇجەسسەملەش، كۈچ قوشۇش، بىرلىكمە كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپى بويىچە، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ «مۇھىم بازا» «مۇھىم سۇپا» «مۇھىم يول»لۇق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، كەڭ دائىرىدە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كېڭىشىش - ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قەلبنى، كۈچنى مۇجەسسەملەپ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. كەڭ ئەزالارنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى لېكسىيە سۆزلەشكە تەشكىللەپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس چېڭ جېنشەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس مۇتەللىپ ئوبۇل يىغىنغا قاتناشتى.

---

## پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئورگاندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى تەشكىللەپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆز ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈم ئېففېكتىگە تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۆگىنىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى تېزدىن قوزغاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق تونۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۈزلۈكسىز تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى پۇختا ئىگىلەپ، دۆلەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە جەزمەن چىڭ تۇرىدىغان ئاساسىي پرىنسىپ، ئومۇمىي نىشان ۋە خىزمەت تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور ۋەزىپە ۋە تەدبىرلەرنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى سەۋىيەسىنى، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋاڭ يۇڭمىڭ، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر مانەن زەينەل يىغىنغا قاتناشتى.

---

## تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، سادىقلىق بىلەن ۋەتەننى قوغداپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

### ■ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، تەسىرى چوڭقۇر، ئۇزاق

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللىنىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك نەزىرى ۋە كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقى نامايان قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەلىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم توپچىلار تۋەنىنىڭ جېڭچى چېن شىنلۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى ئاخباراتىدا، «تۈزۈم» دېگەن سۆز 77 قېتىم تىلغا ئېلىنىپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئېففېكتىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ كۈچلۈك سىگنالى تولۇق قويۇپ بېرىلدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، پارتىيە مىلتىققا قوماندانلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ پرىنسىپتا قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈم چەكلىمىسى ئارقىلىق قىسمنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشى، ئۇرۇش قىلىشنى ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، قىسمنىڭ جەڭگە كىرەلەيدىغان، جەڭدە غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى بىرىنچى ۋاقىتتا ئۆگەندى. قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ جېڭچى ۋاڭ ئەيگو مۇنداق دېدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىنىشى «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىدا، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم ماشىنىلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر تۋەنىنىڭ جېڭچىسى پۇ چېڭدۇڭ مەشىق مەيدانىدا ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بىلەن «قارلىق رايون كوئېنلۇندا يىلتىز تارتىپ، يېڭى دەۋردىكى ياخشى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن بولايلى» دېگەن تېمىدا ئەستايىدىل ئۆگىنىش قىلدى، مۇھاكىمە قىلدى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىر يورۇق يول باشلاش چىرىغى ياندى. پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش ئاساسى، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھى. جەزمەن شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتى، خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلايمىز.

### ■ پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش ۋەزىپىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش

يېقىندا شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم تۋەندىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەندىن كېيىنكى ئىنكاسى كۈچلۈك بولدى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن 4 - دەرىجىلىك جۇنشىجاڭ مەنسۇر تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى تىنچلىق، گۈللىنىش ئاسان قولغا كەلمىگەن، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى بىزنىڭ قوغدىشىمىزغا ئېھتىياجلىق، بىز رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ۋەتەننىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك».

قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ چۈشەندۈرۈش، مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەش ئارقىلىق ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگەندى. قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مەلۇم تارماق ئەترىتى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇ يەنجۈ مۇنداق دېدى: ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىدى.

چۆل - باياۋاندىكى كەڭ دالىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە شىسىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر مەشىق مەيدانىدىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىپ، ئۈستىبېشىدىكى چاڭ - توزانلارنى قېقىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، دەرھال ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگەندى. شى پارتكومىنىڭ ئەزالىرى مۇزاكىرە جەريانىدا مۇنداق بىلدۈردى: چوقۇم ئۆز ئورنىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاپ، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىمىز.

ئالتاي تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان قىزىلتاغ ئېغىزىدىكى چېگرا مۇداپىئە لېيەنى تۇرۇشلۇق جاي ئاللىقاچان ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغانىدى. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، لېيەندىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش تورى، يانفون تېرمىنالى ئارقىلىق ئۆگىنىشكە بىرىنچى ۋاقىتتا تەشكىللىدى ھەم چېگرا تېشىنى قىزىل سىزىش، پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

### ■ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش جاپالىق مەشىقلەندۈرۈپ قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇش

تيانشاننىڭ ئىچكىرىسىدە ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مەلۇم ھەرىكەتچان ئالاھىدە ئۇرۇش قىلىش تارماق ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بىر ھەپتىلىك دالا مەشىقىنى قانات يايدۇردى. قاراڭغۇ چۈشتى، ئالاھىدە ئۇرۇش قىلىش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى چېدىردا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگەندى. ئالاھىدە ئۇرۇش قىلىش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى چېن سۇڭ مۇنداق دېدى: ئالاھىدە ئۇرۇش قىلىش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇرچۇمنى ھەر ۋاقىت ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ، قاتتىق مەشىق قىلىپ يېڭىش، غەلىبە قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىمەن.

ئېگىزلىكنىڭ مەلۇم جايىدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم توپچىلار تۋەنىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى قار - شۇۋرغانغا قارىماي تاكتىكا مەشىقى قىلىۋاتاتتى. 3 - دەرىجىلىك جۇنشىجاڭ چېن ۋېيخۇا مۇنداق دېدى: ھاۋاسى شالاڭ، دېڭىز يۈزىدىن 5100 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى بۇ قارلىق ئېگىزلىككە كېلىپ، بىز مەشىق ئارىلىقىدىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندۇق، بىز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن بۇرچ - مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، «ئەڭ ئېگىز، ئەڭ يىراقتا تۇرۇپ ئەڭ سادىق بولۇش، ئەڭ چەت، ئەڭ يىراقنى ئەڭ خاتىرجەم قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

ئۇلۇغ پىلان تۈزۈلۈپ بولدى، ھازىر دەل جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان پەيت. شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تۋەنى نۆۋەتتە قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق مەشىقلەندۈرۈۋاتىدۇ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر مەشىق ئارىلىقىدا ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، پارتىيەلىك كادىرلار پارتىيە گۇرۇپپىسى بىرلىك قىلىپ ئۆگىنىشنى، مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى. تۋەنجاڭ يەن جىفاڭ مۇنداق دېدى: «يېڭى دەۋردىكى چېگرانى قوغداش مۇھاپىزەتچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز شەرەپلىك ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، قىزىل گېنغا پائال ۋارىسلىق قىلىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئاڭلىق زىممىمىزگە ئېلىپ، چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىدا يىلتىز تارتىپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئارقىلىق قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلىپ، سادىقلىق بىلەن چېگرانى قوغداپ، ئۇلۇغ بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىش داۋامىدا ياشلىق باھارىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل پەيتلىرىنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك».

**(ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز چېن مىڭ، ۋاڭ گوبىن، جاڭ يىنبو، يۈ كەي، خەن چياڭ، تەي خاۋ، جاڭ لېيلېي، لو خاۋ، لى شىنيۈ، لۇ ۋېنشەن، لى گۇاڭرۇي، جاۋ بىفېڭ، ۋاڭ خېيشەن، لى مىڭچى، پەن جاۋ، ۋاڭ جۈنچياڭ، ليۇ نەنسۇڭ، ليۇ جېڭيى، دۇ ياۋ يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)